# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 4 - بەتتە)

«14 - بەش يىل» مەزگىلى —— ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا يېڭى مۇساپە باشلىنىدىغان بىرىنچى بەش يىل. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھېلىھەم مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرماقتا، لېكىن پۇرسەتمۇ، خىرىسمۇ يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى مەۋجۇت. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلىشىمىز، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىمىز كېرەك.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى»گە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى (لايىھە)»نى تۈزۈپ چىقتى. «پروگرامما لايىھەسى»دە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مۇھىم، زور ۋەزىپىلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە مىقدارلاشتۇرۇلدى، بۇ «پروگرامما لايىھەسى» تولۇق تېكىستى بىلەن يىغىننىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلدى، بۇ يەردە مەن مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىن يىغىنچاق بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

—— تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۆچەپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاش. تەرەققىيات —— دۆلىتىمىزدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئاچقۇچى. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ھەرقايسى ساھەلەرگە مۇكەممەل، توغرا، ئەتراپلىق سىڭدۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇشقا يېتەكلەپ، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش. ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنى مۇۋاپىق دائىرىدە ساقلاپ، ھەرقايسى يىللاردا ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ كۆزلىمە نىشانىنى ئەھۋالغا قاراپ ئوتتۇرىغا قويۇش، تولۇق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولۇش، شەھەر - بازارلاردا تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئىچىدە تىزگىنلەش، مال باھا سەۋىيەسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

—— يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى كەسپ سىستېمىسىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتىدىكى يادرولۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قەد كۆتۈرۈش —— ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى دۆلەت تەرەققىياتىدا ئىستراتېگىيەلىك تىرەك قىلىش. دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت تەجرىبىخانىلىرىنى باشلامچى قىلغان ئىستراتېگىيەلىك پەن - تېخنىكا كۈچىنى تېز بەرپا قىلىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئوبدان قىلىش، ئۇل تەتقىقاتنىڭ 10 يىللىق ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات خىراجىتى سېلىنمىسىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7%تىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ، سېلىنما سالمىقىنى «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئەمەلىي سېلىنمىدىن يۇقىرى قىلىشقا تىرىشىش. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسپ ئاساسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بولۇشىنى، كەسپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، ياسىمىچىلىق سالمىقىنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش، مۇلازىمەتچىلىكنىڭ گۈللىنىپ راۋاج تېپىشىغا تۈرتكە بولۇش. ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىش. رەقەملەشكەن تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىپ، رەقەمنىڭ كەسپلىشىشىگە ۋە كەسىپنىڭ رەقەملىشىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشىنى ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىش، رەقەملىك جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، رەقەملىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى رەقەملىك ئېكولوگىيەنى يارىتىپ، رەقەملىك جۇڭگو قۇرۇش.

—— قۇدرەتلىك ئىچكى بازارنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش. ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش بىلەن تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش تۈرتكىسى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنات ئارقىلىق يېڭى ئېھتىياجنى يېتەكلەش ۋە يېڭى ئېھتىياج يارىتىش. مۇھىم ئامىللارنىڭ مۇۋاپىق يۈرۈشۈشىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت ۋە ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈش. مەۋقەنى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشقا قويۇپ، قۇدرەتلىك ئىچكى بازار قۇرۇلۇشى ۋە كۈچلۈك سودا دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىش، ئىچكى ئىقتىساد ئايلىنىش سىستېمىسىنى تايانچ قىلىپ، دۇنيانىڭ مۇھىم ئامىللار بايلىقىغا قارىتا كۈچلۈك تارتىش كۈچى مەيدانى ھاسىل قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشقا تۈرتكە بولۇش. ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلىپ، ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، سېلىنما بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.

—— يېزا - كەنتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقىنى چىڭ ساقلاپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، قارا تۇپراقنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، ئۇرۇق مەنبەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش، شەھەر - يېزا يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش. ئادەمنى يادرو قىلغان يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىك يۆتكەلمە ئاھالىسىنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىپ، دائىملىق ئاھالىنىڭ شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتىنى 65%كە كۆتۈرۈش، شەھەرلەر توپى ۋە مەركىزىي شەھەرلەر چەمبىرىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش، ناھىيە دائىرىسىنى مۇھىم ۋاستە قىلغان شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، شەھەرلەرنى يېڭىلاش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش، تۇرالغۇ ئۆي بازىرى سىستېمىسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش.

—— رايون ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش. مۇھىم، زور رايون ئىستراتېگىيەسى، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايون ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشى ۋە دۆلەت زېمىن بوشلۇقى تىرەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش. بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايون قۇرۇلۇشى، چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتى، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش، شىيۇڭئەن يېڭى رايونىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە قۇرۇش. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش يېڭى ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش، ئوتتۇرا رايونلارنىڭ تېز يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەرقىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېز ئالغا سىلجىتىشقا ئىلھام بېرىش. جۇڭچىڭ - چېڭدۇ رايونى قوش شەھەر ئىقتىسادىي چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش. كونا ئىنقىلابىي رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىش، چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. دېڭىز - ئوكيان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى پائال كېڭەيتىش.

—— ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى سىجىل ئاشۇرۇش. يۇقىرى سەۋىيەلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ھەر خىل بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى تېز ئەلالاشتۇرۇش، قۇرۇلمىسىنى تېز تەڭشەش، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ياخشىلاش. يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، رىقابەت سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ ئورنىنى كۈچەيتىش، رىقابەت سىياسىتى رامكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. زامانىۋى مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش. «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت - سودا مۇھىتىنى يارىتىش. تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنگەن يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا رايونى تورىنى بەرپا قىلىش.

—— يېشىل تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇش. سۇلار سۈزۈك، تاغلار يېشىل بولۇشنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل ۋە ئوتلاقلارنى سىستېمىلىق تۈزەشنى كۈچەيتىش، مۇھىم ئېكولوگىيەلىك توساق قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش، دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەتلىك يەر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتىنى 24.1%كە يەتكۈزۈش. مۇھىت سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ھاۋانىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشىنى ۋە شەھەرلەردىكى قارا، سېسىق سۇنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش. 2030 - يىل كلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش بويىچە دۆلەت ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەرەققىيات ئۇسۇلىنىڭ يېشىل بولۇشقا ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە قوغداشنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 13.5%، كاربون (IV) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى 18% تۆۋەنلىتىش.

—— خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، ئورتاق بېيىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش. پۈتۈن كۈچنى ئىشقا سېلىشتا، مادارىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق خاراكتېرىنى، ئاساس خاراكتېرىنى، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكەت پروگراممىسىنى تۈزۈپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پۈتكۈل خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈش. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمىنى كېڭەيتىش. تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆچەپ ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا ھال كىرىملىك كىشىلەرنى كۆپەيتىش، ئاھالىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى بىلەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئاساسەن ماس قەدەمدە ئاشۇرۇش. يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى، يۇقىرى سۈپەتلىك كەسپلەشكەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سىغىمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، ئەمگەك يېشىدىكى ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە بىلىم ئېلىش يېشىنى 11.3 يىلغا يەتكۈزۈش. ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك ئاممىۋى ساقىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، شەھەر - يېزا داۋالاش مۇلازىمىتى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلەمە ئۆمرىنى يەنە بىر ياش ئاشۇرۇش. ياشانغانلار كۆپىيىشكە پائال ھازىرلىق كۆرۈش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، «ياشانغانلار، بالىلار»نى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئاھالە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۇغۇت سىياسىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تۇغۇت سەۋىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدىكى ھاۋالىلىك بېقىش ۋە ئاساسىي كۆتۈنۈش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيەگە چىقىش يېشىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش. كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتىنى 95%كە يەتكۈزۈش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە خەيرىيەت تۈزۈمىنى ئەلالاشتۇرۇش. سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەممىيەت مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سەممىيەت جەمئىيىتى بەرپا قىلىش، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كەسپ سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش.

—— تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەمىن جۇڭگو قۇرۇش. ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىك قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي خەۋپسىزلىك كاپالىتىنى كۈچەيتىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بايلىقى ۋە پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، ئۇنىۋېرسال ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 1 تىرىليون 300 مىليارد جىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدە ساقلاش، ئېنېرگىيە ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. ئاممىۋى بىخەتەرلىك كاپالىتى ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش.

كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل ھەم قۇربىمىز يېتىدۇكى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەرلەرنى يېڭىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى تىرىشىپ يېزىپ چىقىمىز!

## 3. 2021 - يىللىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر

بۇ يىل —— دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىر يىل. ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قاراشدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ھالدا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق سىياسەتنى ئىلمىي، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنى مۇۋاپىق دائىرىدە تىرىشىپ ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئىستراتېگىيەلىك تىرىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن تەبرىكلىشىمىز كېرەك.

بۇ يىل دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا بىرمۇنچە خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، لېكىن، ئىقتىسادنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىپ بېرىشتەك ئاساسىي تەرەپپى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىشنى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ساقلىشىمىز لازىم.

بۇ يىللىق تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق كۆزلەمە نىشانى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 6%تىن كۆپرەك ئاشۇرۇش؛ شەھەر - بازارلاردا 11 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش؛ شەھەر - بازارلاردا تەكشۈرۈپ چىقىلغان ئىشسىزلىق نىسبىتىنى 5.5% ئۆپچۆرىسىدە تىزگىنلەش؛ ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىنى 3% ئەتراپىدا تىزگىنلەش؛ ئىمپورت - ئېكسپورتتا مىقدارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا كىرىم - چىقىمنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش؛ ئاھالىنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇش؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش؛ بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 3% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىش؛ ئاساسلىق بۇلغىما چىقىرىش مىقدارىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىش؛ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 1 تىرىليون 300 مىليارد جىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدە ساقلاش.

ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش سۈرئىتى ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ. بۇ يىللىق كۆزلەمە نىشانى 6%تىن يۇقىرى قىلىپ بېكىتىشتە ئىقتىساد يۈرۈشۈشىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلدى. بۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا يېتەكلەشكە پايدىلىق. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مال باھاسى قاتارلىق كۆزلەمە نىشانلاردا ئىقتىساد يۈرۈشۈشىنىڭ مۇۋاپىق دائىرىدە بولۇشىنى ساقلاش تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشان بىلەن مۇقىم جىپسىلاشتۇرۇلدى، بۇ مۇقىم، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشنىڭ ساغلام تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلەن قىسمەن جايلاردا جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنى جانلىق بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق تۇردە قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق رايونلاردا ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، توپلىنىش خاراكتېرلىك يۇقۇم كۆرۈلۈشنىڭ ۋە تارقاق پەيدا بولغان كېسەلنىڭ كەڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئىشلەشنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ھەقسىز ئەملەشنى تېزلىتىش، ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

بۇ يىل تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك:

(1) ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ساقلاپ، ئىقتىساد يۈرۈشۈشىنىڭ مۇۋاپىق دائىرىدە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. دائىرىلىك تەڭشەش - تىزگىنلەش ئاساسىدا، نىشانلىق تەڭشەش - تىزگىنلەش، ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ماكرولۇق سىياسەتتە داۋاملىق بازار سۇبيېكتىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، زۆرۈر قوللاش سالمىقىنى ساقلاش، جىددىي بۇرۇلىدىغان ئىشنى قىلماي، ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىگە قاراپ مۇۋاپىق پەيتتە تەڭشەپ ۋە تىزگىنلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)